مەمتىمىن توختى

ماخۇسەننىڭ ياشلارنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، خەلقنى قاخشىتىشى

(ئاخىرى، بېشى ئۆتكەن سانلاردا)

ماخوسەن قوشۇنلىرى 15 ياشتىن ژۇقۇ-
رى، 45 ياشتىن تۆۋەن ئەرلەرنى ئەسكەر-
لىككە تۇتۇپ، ئۇرۇپ، قىيناپ، ئاتا-ئانىلار
نى قاخشىتىپ ناھايىتى قاتتىق زۇلۇم سالات
تى. بارلىق ئىختىسادىغا ئېگىشمەيدىغان ئە-
زىز پەرزەنتلىرىنى ئاتا-ئانىلاردىن، ئەر-ئا-
ياللارنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىش، ھەتتا ئۇ-
رۇپ ئۆلتۈرۈشتەك پاجىئەلەرگە چىداپ تۇ-
رالمىسىمۇ، يەنىلا ئامالى يوق ئىدى. ھەر-
بىر مەشىقلەرگە كونەلمەي تاياق زۇلمى،
ئاماقنىڭ ناچارلىقىدىن كېسەل بولۇپ كۈن
گە ئەچچىسى دېگىدەك ئۆلۈپ تۇراتتى.
ئات بازىرى مەسچىتىنىڭ ئىمامى مۇنداق دەي
دۇ: «ئاخۇن لۈيجاڭنىڭ ھەر كۈنى ئون نە
چچە ئەسكىرى ئۆلۈپ تۇراتتى، بىر تولۇك
نى ئىككىدىن ماتا بىلەن ھەر كۈنى تۆرت-
بەشنى، بەزىدە سەككىز-ئوننى بىزنىڭ مەس
چىتكە ئېلىپ چىقىپ بېرەتتى. يەنە بىر قى-
سىمنى مۆيتى غوجام مازىرىغا ئېلىپ چى-
قىپ بېرەتتى. ھەر كۈنى شۇنچىلىك ئۆ-
لۈك ئۈچۈن يەرلىك كولاشقا ئادەم بولمى-
غاچقا، 70-80 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا بىرلا
گور كولاپ، ھەممىسىنى شۇنىڭغا دەپنە
قىلاتتۇق.»

دېمەك، كىشىلەر ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ،
موشۇنداق ئاقىۋەتكە قالماسلىق ئۈچۈن ئور
غۇنلىرى گەمىلەردە، بەزىلىرى ساندۇقلار-
دا، بەزىلىرى ئوڭكۈرلەردە يوشۇرۇنۇپ ژۇ
رۇپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. بۇنداق قىلىش ئى
مكانىيىتى يوقلار ياكى ئامال قىلالمىغانلار
چەت يۇرتلارغا قېچىپ مۇساپىر بولۇشقا مە
جبۇر ئىدى. ئەھۋال موشۇنداق ئېچىنىشلىق
بولغاچقا، نۇرغۇن ياشلار ئۆزلىرىنى دالدىغا
ئېلىش جەريانىدا خەتەرگە ئۇچراش ئەھۋا
لىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بىرلا ئەھۋالنى
مىسالغا ئالسام، مېنىڭ ساۋۇت ئاخۇن (16
ياش)، ئابدۇقادىر ئاخۇن (14 ياش)، ئىككى
بىر تۇققان ساۋاقدىشىمنى (قاراقاش بازى-
رى قازان بېشى مەسچىتى ئىمامىنىڭ ئوغۇل
لىرى)نى ئاتا-ئانىسى ئەسكەرلىكتىن قاچۇ-
رۇپ، 1935-يىلى يەر ئاستى گەمىدە بې-
قىش جەريانىدا، كېچىسى گەمىنىڭ ئاغزىغا
ياپقان تۈگمەن تېشىنىڭ ھاۋا كىرىدىغان تو
شۇكىنى ئېچىۋېتىش ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقى
ئۈچۈن، بۇ بىر جۈپ ياش دېمىقىپ ئۆلۈپ
كەتكەن. بالىلىرىدىن ئەشۇنداق جۇدا بول-
غان ئاتا-ئانىسىمۇ كېسەل بولۇپ، ئۇزۇن
ئۆتمەي ئارقا-ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. بۇ
نىڭغا ئوخشاش ئېچىنىشلىق مىساللار ئاز
ئەمەس.

ماخوسەن قوشۇنلىرىنىڭ ياش- ئۆسمۈرلەرگىمۇ زۇلۇم سېلىشى

ماخوسەن قوشۇنلىرى 15 ياشتىن ژۇقۇ-
رى ياشلارنى ئەسكەرلىككە تۇتقانىنىڭ سىر-
تىدا، 15 ياشتىن تۆۋەن، 8-9 ياشتىن ژۇ-
قۇرى ئۆسمۈرلەرنى تۇتۇۋېلىپ، پەيجاڭدىن
ژۇقۇرى ئەمەلدارلار مەنسەپ دەرىجىسىگە
قاراپ، بىردىن بىر نەچچىگە قەدەر بالىلار-
نى ئۆي خىزمىتىگە سالاتتى. بۇ بالىلارغا
ھەربىي كىيىم كىيدۈرۈپ، «گاۋا» دەپ نام
بېرىپ، كۈندۈزلىرى ئۆي ئىشلىرىغا سالغا-
نىڭ سىرتىدا، ئاخشاملىرى پۇت-قوللىرىنى
ئۇتقىلى، تەرەت قاچىلىرىنى تازىلىغىلى سا-
لاتتى. كۈن بويى تىنماي ئەمگەك قىلىپ
چارچىغان بۇ بىچارە بالىلار ئاخشىمى ئۇلار
نىڭ پۇت-قولىنى تۇتۇۋېتىپ موگدەپ قا
لسا ياكى قىلغان ئىشلىرى كۆڭلىگە ياقمى-
سا، قاتتىق ئۇراتتى. شۇڭا كىشىلەر بالى-
لىرىنىڭ موشۇنداق زۇلۇمغا تۇتۇلۇپ قې-
لىشىدىن ئەنسىرەپ قىز بالىچە كىيىندۈرۈپ
قوياتتى.

ماخوسەن قوشۇنلىرىنىڭ ئاياللارنى بو- زەك قىلىشى

ماخوسەن قوشۇنىدىكى مەنسەپدارلار كو
زىگە چىرايلىق كورۈنگەن ئاياللارنىڭ زور-
لۇق بىلەن نومۇسىغا تېگەتتى. ئۇلارغا قار
شىلىق قىلىشقا ھېچ كىم پېتىنالمايتتى. شۇنىڭ
ئۈچۈن بەزى ئوتتۇن، سامان توشۇيدىغان
باش ئاياللارمۇ قېرى مومايچە كىيىنىۋالات-
تى. خەلقنىڭ ئۆيلىرىگە ئورۇنلىشىۋالغان
كوچمەنلەر ياكى ئەمەلدارلارمۇ شۇ ئائىلى-
دىكى خوشنىلار ۋە شۇ مەھەللىدىكى ياش
ئاياللارنىڭ تۈرلۈك ۋاستىلار بىلەن نومۇ-
سىغا تېگەتتى. بۇنداق سەۋەپ بىلەن بە-
زى غۇرۇرى كۈچلۈك ئائىلىلەردە پا-
جەلىك ۋاقىئەلەرمۇ كېلىپ چىقاتتى. شۇنى
ئەسلەپ ئۆتۈش كۇپايىكى، بىر قېتىم بىر
روتا ئەسكەر سېپىل سىرتىدىكى يارلىقتا
ھەربىي مەشىق ئۈچۈن چىققاندا، يالغۇز كې-
تىۋاتقان بىر ئايالنى تۇتۇۋېلىپ، باشتا رو
تا كوماندىرى تەجاۋۇز قىلىپ، كېيىن ئەس-
كەرلىرىنى باسقۇنچىلىق قىلىشقا بۇيرۇق
قىلغان...

تەۋەككۇل-ئىسلام ئاۋاتتىكى قانلىق پاجىئە

خوتەندە 1936-يىلى ئىككى قېتىملىق قا
نلىق پاجىئە يۈز بەرگەن بولۇپ، ئورنى تە
ۋەككۇل- ئىسلام ئاۋاتتا ئىدى. ئۇنىڭ قىس
قىچە جەريانى مۇنداق: ئىسلام ئاۋاتتىكى
باج يۈنكىتىنىڭ ما فامىلىيەلىك بىر باج خا
دىمى بىر دېھقان ئايالنىڭ نومۇسىغا تەگمەك
چى بولغاندا، ئۇنىڭ ئېرى بىلىپ قېلىپ قا
رشىلىق كورسەتتى. ما ئۇنى ئاتماقچى بو
لغاندا، ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىپ قوغدىنىش
يۈزىسىدىن تۇتۇشۇپ قېلىپ، ئەتىجىدە ما
نى ئۆلتۈرىۋېتكەن. ئەخمەت سەردار دې-
گەن ئادەم بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى يامان بو-
لىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، ئەسلىدە ماخو-
سەن قوشۇنلىرىنىڭ زورلۇق-زومبۇلىقى،
ئالۋاڭ-ياساقنىڭ بەك ئېغىرلىقى قاتارلىق
كۆپلەنلەرگە نارازى بولۇپ قوزغىلاڭ كو-
تۈرۈشكە بەل باغلىغان. موشۇ ۋەقە سە-
ۋەۋى بىلەن دەرھال ئادەم توپلاپ، ماخو-
سەننىڭ ئىسلام ئاۋاتتىكى ئاقسۇغا قاتناي-
دىغان يول ئېغىزىنى توسۇپ ياتقان بىر ۋز
ۋود ئەسكىرىگە ھۇجۇم قىلىپ بىر قىسمىنى
ئۆلتۈرىدۇ، بىر قىسمى جان قۇتقۇزۇش ئۈ
چۈن خوتەنگە قېچىپ چىقىپ، ماخوسەنگە
ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. ماخوسەن غەزەپ-
لىنىپ، پىلىموت، مىلتىق، قىلىچ بىلەن تو-
لۇق قوراللانغان ئىككى روتا ئاتلىق ئەسكەر
نى قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتى-
دۇ. خوتەن بىلەن تەۋەككۇلنىڭ ئارىلىقى
90 كىلومېتىر يول بولۇپ، ئەخمەت سەر-
دارمۇ كالتەك، توقماقلار بىلەن تولۇق قو-
راللانغان بىر نەچچە يۈز دېھقاننى باشلاپ،
ماخوسەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇش
ئۈچۈن خوتەنگە قاراپ ماڭغاندا، ئىككى تە
رەپ ئوتتۇرا يولدا تۇتۇشۇپ قېلىپ، بىر-
دەم ئېلىشىدۇ. لېكىن قوزغىلاڭچى دېھقانلار
قولىدىكى تاياق، توقماق بىلەن پىلىموت، مى
لتىقلارغا تاقابىل كېلەلمەي، ھەممىسى تە-
رەپ-تەرەپكە قاچىدۇ. ماخوسەن ئەسكەرلى
رى قوراللىرىدىن ئوق ياغدۇرۇپ، ئات بىلەن
كەينىدىن قوغلاپ ئۇلارنى قىرىشقا باشلاي-
دۇ، نەچچە ئون ئادەم ئۆلىدۇ ۋە يارىدار
بولىدۇ. خەلق ھەر تەرەپكە قېچىپ، تارقى
لىپ، بىر ئىككى كۈنلۈك يەرگىچە توغراق-
لىق ۋە جاڭگاللىقلارغا يوشۇرۇنىدۇ. قوزغىلا
ڭنىڭ باشلىقى ئەخمەت سەردار (سەردار-
1933-يىلىدىكى ئىسلام قوزغىلاڭچى ئەسكەر
لىرىنىڭ روتا باشلىقىغا بېرىلگەن ئۇنۋان)
بىر قىسىم ئادەم بىلەن دەريانى بويلاپ ئاق
سۇغا قېچىپ كېتىدۇ. ماخوسەننىڭ ئاتلىق
ئەسكەرلىرى قاچاقلارنى قوغلاپ، ئۇچرىغا-
نى ياش-قېرى دېمەي ئېتىپ تاشلاپ، تەۋە
ككۇل، ئىسلام ئاۋاتقا باستۇرۇپ كىرىپ،
3-4 كۈن قىرغىنچىلىق قىلىدۇ، ھەتتا ئۆي
ئاختۇرۇپ يوشۇرۇنىۋالغانلارنىمۇ ئۆلتۈ-
رۈپ، ئەتىجىدە بۇ ئىككى كەنتتىن (خوتەن
دەرياسىنىڭ شەرقى تەۋەككۇل، غەربى ئىس
لام ئاۋات) 200دىن ئارتۇق ئادەمنى ناھەق
قىرغىن قىلىدۇ. بىر مۇنچە ئادەملەرنى كۈن
بويى باغلاپ قويۇپ، ئاممىغا ئىبرەت قى-
لىپ، خوتۇن-بالىلىرى ئالدىدا چېپىپ ئۆل-
تۈرىدۇ. مەن بۇ يەردە يۈز بەرگەن كون-
كرېت ۋەقەلەرنى تەكرارلىمايمەن، پەقەت
ئۆز كۆزۈم بىلەن كورگەن ئەڭ قەبىھ بىر پا
جەنى ئەسلەپ ئۆتمەكچىمەن: ماخوسەن قو
شۇنلىرى تەۋەككۇل، ئىسلام ئاۋاتتىكى قوز
غىلاڭنى قانلىق باستۇرغاندىن كېيىن، يەرلىك
ئەمەلدارلارنىڭ كورسىتىپ بېرىشى بىلەن
قوزغىلاڭغا ئارىلاشمىغان بىگۇنالاردىن 30
نەچچىنى ئاممىغا ئىبرەت قىلىمىز دەپ، بىر
-بىرىگە چېتىپ باغلاپ، ئاتنىڭ ئالدىدا ھا
يداپ، خوتەنگە ئېلىپ چىقىدۇ. ھەتتا لوپ
ناھىيە جىيا كەنتىدىن تەۋەككۇلگە كېتىۋات-
قان يولۇۋچىلارنىمۇ تۇتۇۋېلىپ بىرگە ھاي-
داپ چىققان. بۇ مەھبۇسلارنى بىر نەچچە
كۈن ھەر خىل ئازاپلار بىلەن سوراق قىلىپ،
بەزىلىرىنى يالغان ئىقرارنامە يازدۇرۇپ،
بىر شەنبە كۈندە (خوتەننىڭ كونا شەھرى
شەنبە كۈندە بازار ئىدى) چۈشتىن كېيىن
بازار قىزىغان ۋاقىتتا، سۇ دەرۋازىدىكى
قارا سۇ تۈگمىنى يېنىدىكى قىغ دۆۋلىگى
دەپ ئاتىلىدىغان يەردە تەۋەككۇلدىن تۇ-
تۇپ چىققان 36 ئادەمنى ئالتىدىن سەپ قى-
لىپ تىزدى. ئالدىنقى سەپتىكى ئالتە ئادەم-
نىڭ بۇرنىدىن تېشىپ سىم ئۆتكۈزۈپ، ئىك
كىنچى سەپتىكى ئالتىسىنىڭ قۇلىقىدىن تې-
شىپ سىم ئۆتكۈزۈپ، ئۈچىنچى سەپتىكى
ئالتىسىنىڭ دولىسىدىن سىم ئۆتكۈزۈپ، تۆر
تىنچى سەپتىكى ئالتىسىنىڭ ئالقىنىدىن تې-
شىپ سىم ئۆتكۈزۈپ، ئۇلاردىن كېيىنكىلىرى-
نىڭ قوللىرىنى ئارقىدىن ئوخرەككە چىقى-
رىپ سىم بىلەن ئوراپ باغلاپ، ھەممىسىنى
بىر-بىرىگە چېتىپ، ئالتىدىن سەپ بويىچە
ژۈكۈندۈرۈپ ئولتارغۇزۇپ، ئاندىن 18 جا
للات ئالدىنقى ئالتە ئادەمنىڭ بېشىغا كې-
لىپ، بىر ئادەمنىڭ بېشىدا ئۈچتىن جاللات
قىلىچ تەڭلەپ تۇردى. مەن شۇ كۈنلەردە ما
خوسەن ئاچقان خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە
ئوقۇغۇچى بولۇپ، 16 ياش چامىسىدا ئى-
دىم. مەمەت رەجەپ، ھەسەننىياز قاتارلىق
ساۋاقداشلار بىلەن شۇ مەيداندىكى سو-
گەت دەرىخىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ھەممىنى
ئوچۇق كورگەن ئىدۇق. خەلق پۈتۈن ئە
تراپنى ئوراپ ئالغان ئىدى. ئاخۇن لۈيجاڭ
بىر قىغ دوگىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۇ-
رۇپ، بىر نەچچە ئېغىز قىسقىغىنە سوز قىل
دى، ئۇنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. ئاندىن بىر
ھۇشتەك چالغان ئىدى، 18 جاللات تەڭلا بىر
دىن قىلىچ سېلىپ، ئالدىنقى سەپتىكى ئالتە
ئادەمنىڭ بېشىنى كەستى. بىر ئادەم ئورنى-
دىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپ ژىقىلدى، بىر-
سى ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇپ قېلىپ ژى-
قىلدى. ئۇلارغا يەنە قىلىچ ئۇرۇلدى. جال-
لاتلار ئەشۇ تەرتىپ بويىچە 36 ئادەمنىڭ بې
شىنى كېسىپ بولدى. ھەممە قايغۇ ئىچىدە،
كوزلىرى ياش ژۇقى ئىدى. جازا مەيدانى-
نىڭ شىمالى تەرىپىدىكى چوڭ يولدا ئاق
كىيىملىك بىر ئايال پەريات قىلىپ چاچلىرى-
نى ژۇلۇپ نالە-زار قىلىۋاتاتتى. ئايالنىڭ
نالە-زارى ھەممىنىڭ ژۈرىكىنى ئەزگەندەك
بولۇپ، بىر نەچچە ئاياللار ئۇنى يولەپ
تۇرىشاتتى. ئەسلى ۋاقىئە مۇنداق ئىكەن: بۇ
ئايال لوپ ناھىيە جىيا كەنتىدىن بولۇپ،
19 ياشلىق ئوغلى ئېشەك ھايداپ تەۋەك-
كۇلگە كېتىۋاتقاندا، تەۋەككۇلدىكى قوزغى-
لاڭنى باستۇرۇپ قايتقان ئەسكەرلەرگە
ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنىمۇ باغلاپ بىرگە ئېلىپ
چىقىپ، ئىسيانغا قاتناشماقچى بولغان دې-
گەن ناھەق گۇنانى ژۈكلەپ، 36 ئادەمنىڭ
ئىككىنچى رېتىدە بېشىنى كەسكەنكەن. ئو-
لۈكلەرنى يوتكەشكە كىرىشىپ كەتتى. دې-
مەك، تەۋەككۇل، ئىسلام ئاۋاتتىكى زۇلۇمغا
قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى ئەنە شۇنداق
پاجىئەلىك ئاخىرلاشتى. بۇ 4-ئاينىڭ باشلى-
رى بولۇپ، دەل-دەرەخلەر كوكەرگەن مەز
گىل ئىدى.

ماخوسەن قوشۇنلىرىنىڭ ئاخىرقى زورا- ۋانلىقى ۋە مەغلۇبىيىتى

1937-يىلى 10-ئاينىڭ ئون نەچچىلى-
رىدە، بىر كۈنى چۈش ۋاقتىدا، خوتەن ئاس
مىنىدا ئۈچ دانە قوش قاناتلىق كوك رەڭ-
لىك ئايروپىلان پەيدا بولۇپ، ئاۋۋال پەس
لەپ ئۇچۇپ شەھەر ئەتراپىنى بىر نەچ-
چە ئايلاندى. بۇ ئۈچ ئايروپىلان تەدرى-
جى ژۇقۇرى ئورلەپ، يېڭى شەھەر تەرەپ-
كە بىر قانچە بومبا ھەم نۇرغۇن تەشۋىق
ۋاراقلىرىنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. شۇ ئان
ئوقۇغۇچىلار بىزنى ئائىلىمىزگە-قايتۇرۇۋې-
تىپ، ئوزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقا چىقىپ كې-
تىشتى. مەن مەھەممەت رەجەپ قاتارلىق
ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىر نەچچە تەشۋىق ۋا
رىقى تېپىۋېلىپ، ئاتا-ئانامغا ئوقۇپ بەردىم
ئېسىمدا قېلىشىچە، ئۇنىڭ ئاساسى مەزمۇنى
مۇنداق ئىدى: «ماخوسەننىڭ خۇيزۇ ئەس-
كەر ئەمەلدارلىرىنى ئۇيۇڭلاردا يوشۇرۇپ
ساقلىماڭلار، نەرسە-كېرەك بەرمەڭلار ھەم
ساتماڭلار، يول كورسەتمەڭلار، ئەگەر شۇ-
نداق قىلغۇچىلار بولسا، قاتتىق جازالايمىز.
پاش قىلىپ تۇتۇپ بەرگەن، كورسىتىپ قو
يۇپ بىزگە ياردەملەشكەنلەرنى مۇكاپاتلاي-
مىز. دۇبەن شىڭشىسەي، رەئىس خوجىنىياز
ھاجى». ئاتا-ئانام ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ،
كوز يېشى قىلىشىپ تۇرۇپ: «بۇ ئەبلەخ-
لەرنىڭ جازاسىنى يەپ، يۇرتىمىزدىن قۇ-
تۇلىدىغان كۈنلەرمۇ كېلىدىكەن، بۇ ئەبلەخ-

لەرلىك گۈزىنى چۆللەردە قارىغا-قوزغۇنلار يېسۇن، ئۆلەمەن»، دېيىشەتتى. بۇ سۆز پۈتۈن خوتەن خەلقىنىڭ دائىم ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان قارغىش سۆزى ئىدى.

شۇ كۈنى كېچىدە يېڭى شەھەرگە ئوت قويۇلىدىكەن، دېگەن گەپ تارقىلىپ، تېخى قاراڭغۇ چۈشمەيلا يېڭى شەھەر ھاۋا بوشلۇقىدا ئوت يالقۇنى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. سېپىل ئىچىدىكى بۇ شەھەر بەك گۈزەل بولۇپ، ئىدارە-جەمئىيەت، خەلق ئۆيلىرى، سودا دۇكانلىرى، ئاشپۇزۇل، ئاۋۇخانە قاتارلىقلار ناھايىتى رەتلىك ھەم زىچ ئىدى. ئوت ئۈچ كۈندىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆچمەي كۆيۈپ، پەقەت سېپىلنىڭ تۆت تەرىپىدىكى تاملار بىلەن شەرق دەرۋازىسى يېنىدا بولغان ئاشلىق ئامبىرىدىن باشقا ھەممە نەرسە كۆيۈپ، پۈتۈن شەھەر تۈپ-تۈز بولۇپ قالدى. ئوت چوغ يالقۇنلىرى بىر ئايغىچە داۋام قىلدى. ئاممىلا شەھەر ئىچىدىكى -تالان تاراج بىر كېچە داۋاملاشتى، تاڭ ئاتقىچە شەھەردە ھېچ نەرسە قالمىدى. شۇ كېچىدە پۈللۈق ماللارغا ئۇچراپ، باي بولۇپ كەتكەن ئايرىم ئائىلىلەرمۇ بار. مەلۇم بىر كىشى خوتەننىڭ چوڭ سودىگەر بايلىرىدىن بولۇپ قالدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ماخوسەنلەر شېڭشىسەي ئەسكەرلىرى كەلگەنگە قەدەر (بەش كۈنگىچە) كۈندۈزى يېزىلارغا تارقاپ قېچىپ يوشۇرۇنۇپ، كېچىسى پەيدا بولۇپ، ئۆيمۇ-ئۆي كىرىپ ئالتۇن-كۈمۈش، ئېسىل قىممەتلىك تارلىق ۋەزىنى يېنىك، پۈللۈق ماللارنى ئىزدەپ-تېپىپ، خەلقنى بىرسى تالاپ-تالاڭ قىلىپ، چەرچەن يولى بىلەن قېچىشقا باشلىدى. ھەتتا بەزى كىشىلەرنى ئالتۇن-كۈمۈشنى چىقار، دەپ قىستاپ، باغلاپ، ئېسىپ قويۇپ، يۈزىنى تاختىدىن تولغۇرۇپ پاجىئەلەرمۇ يۈز بەرگەن ئىدى.

شېڭشىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەمگە ئېلىپ كەلتۈرگەن ئايروپىلانلىرى، دەسلەپكى كۈنى بىر قېتىم بىر ياردىمى قىلىپ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇن ئۈچ كۈنگىچە ھەر كۈنى پەيدا بولۇپ، شەرق تەرەپكە ئۇچۇپ كېلىپ، چەرچەن يولىدا كېتىۋاتقان ماخوسەن قوشۇنلىرىنى پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتۇپ، كېچىدە قايتىپ كېتەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە قاچقۇنلارمۇ كېچىسى يول مېڭىپ، كۈندۈزى كامىرلاردا يېتىپ موكۇنۇۋالغان ئىكەن. يۇرت ئىچىدە قالغان خۇيزۇلار يىل ئاخىرىغا قەدەر يوقۇتۇپ، ئاز زىيلۇپ بولغان.

بۇ قېتىم كەلگەن ھەربىي قوشۇنلار شېڭشىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تەلەپ قىلىپ كەلتۈرگەن رۇس، قىرغىز مىللىتىدىكى ئەسكەرلەر بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئالدىدا 20 دانە تانك، 40 تىن ئارتۇق ئاتۇماشىنا ئۇلاردىن كېيىن ئاتلىق قىرغىز ئەسكەرلىرى كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى كۈلبىلۇن سۇ ئامبىرىنىڭ شىمالى تەرىپىدىكى راۋاق ئالدى سۇ چاتقى ئورۇنلاشتى.

ماۋلەن ئۇۋەنجاتنىڭ بىر پولك قىرغىز ئەسكىرى يىل ئاخىرىغا قەدەر جەمئىيەتنى تازىلاپ رەتكە سېلىپ بولۇپ، ئاندىن ھازىرقى ناھىيە ئاشلىق ئىدارىسى ئىشخانىسىنىڭ خۇدابەردى بايىنىڭ قورۇسىغا ئورۇنلاشتى. باشقا قىسىملار قايتىپ كەتتى. بۇ جەرياندا ماخوسەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ۋە ئەسىرگە چۈشكەنلىرىنىڭ خۇيزۇدىن باشقا مىللەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر قوردىن كىيىم بېرىپ ئائىلىسىگە قايتۇردى. خۇيزۇ ئەسكەرلىرىمۇ ئەركىنلىك قىلىندى. لېكىن، پەيچاڭدىن يۇقىرى ئەمەلدارلارنى ھەر كۈنى ماشىنىدا ئولتارغۇزۇپ، قوماندانلىقتا بېسىقتۇرۇپ، ماخوسەن بولسا خوتەنلىك ئالتۇن، كۈمۈش غەزنىلىرىنى ئېلىپ، سوگەت قورۇل، شەيدۇللا ئارقىلىق چەتكە چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ بىلەن ملك ھەزرەت، ماليە ئازىرى خۇدابەردى ئەرەملىرى بىللە چىقىپ كەتتى.

ئاققۇشلارغا قىياس قىلىپ

قازاقىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىست ئەسقەرجان ئەكبەروۋنىڭ ئائىلىسىنى مىللىي سەنئىتىمىزگە كۆپلىگەن كەسپىي تالانتلارنى يېتىشتۈرگەن سەنئەت بوشۇكىگە قىياس قىلىش ئورۇنلۇق. ئۇچۇغراق ئېيتقاندا، بۇ بىر كىچىك ئائىلەۋىي تىياتىر.

پۈتكۈل ئاڭلىق ھاياتىنى ئۇيغۇر تىياترى سەنئىتىگە بېغىشلىغان ئەسقەرجان ئاكا ۋە ھېلىمەم ھەدىلەر پەرزەنتلىرىنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئۇزلىرىنىڭ ئىشىغا ۋارىسچى بولۇپ قالىدىغان ياشلاردىن قىلىپ تەربىيىلەشتە كۆپ كۈچ سەرىپ قىلىپ كەلگەن. بۇلۇپمۇ ئۆز كەسپىي ساھاسىدا ماھارەت سىرلىرىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرگەن ئەكبەرجان ئاكا ھەر بىر بالىسىنىڭ تەبىئىتىدە سەنئەتنىڭ قايسى تۈرىگە مايىللىق بار ئىكەنلىكىنى ياخشى ھىس قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بەلەن زېرىكمەي ئىش ئېلىپ باردى.

«قۇش بالىسى ئۇگىسىدا كۆرگەننى قىلىدۇ» دېگەندەك، سەنئەتكار ئائىلىنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئائىلە تەربىيەسى تۈپەيلى كۆرۈنەكلىك سەنئەتكارلار بولۇپ يېتىلىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ چوڭ قىزى زىنەت ئەكبەروۋا قازاقىستان خەلق ئارتىستى نامىغا سازاۋەر بولغان. تېلمان ۋە ئەنۋەر كەسپىي سكرىپچىلار، سېلىمەم بالېتمېيستېر، خالبۇۋى- رېژىسسيور، نۇرىۋى پىئونىنو چالغۇچىسى، ئەينە شۇ ئائىلەۋىي سەنئەت گۈلدەستىسىنىڭ بىر گۈلى، ئامى جۇمھۇرىيەت ۋە ئۇنىڭ سىرتىدىكى يەرلەردىمۇ تونۇلغان ئادالەت ئەكبەروۋادۇر.

1959-يىل. ئەسقەرجان ئاكا خورېئوگرافىيە ئۇچىلىشىسىدا ئوقۇۋاتقان قىزلىرى زىنەتگۈل بىلەن سېلىمەمنى يوقلىغاچ ئالمۇتىغا كەلگىنىدە، كىچىك قىزى ئادەلەتنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. شۇ كۈنى ھەدىلىرى ئاباي نامىدىكى ئوپېرا ۋە بالېت تىياتىرىدا چايكوۋسكىينىڭ «ئاققۇش كۆلى» بالېتىدا «كىچىك ئاققۇشلار ئۇسسۇلىغا» ئىشتىراك قىلىۋاتتىكەن. ئادالەت دادىسى بىلەن تىياترغا باردى. ھاشامەتلىك تىياتر بىناسى، سېھىرلىك مۇزىكا، ئەجايىپ دېكاراتسىيە، ئەڭ ئاساسلىقى سەھنىدىكى ئۇسسۇلچى-ئاققۇشلار ئۇنىڭ زۇمران قەلبىنى مەھلىيا قىلدى، ئادالەت بار-زوقى بىلەن قاپقارا كۆزلىرىنى سەھنىدىن ئۈزمەي ئولتىرىپ ئۇسسۇلنى تاماشا قىلدى. شۇڭلاشقىمۇ ھەتتا ئويۇن تۈگىگىنىنى سەزمەيمۇ قالدى. ئاتىسى: -قىزىم، جۈرۈڭ قايتىمىز،-دېگىنىدىلا بۇ گۈزەل چۆچەك دۇنياسىدىن ئۆزۈلۈپ كەتكۈسى كەلمىگەندەك ئېغىر بىر تىنىپ ئورنىدىن قوزغالدى. يېڭىلا سەھنىدە كۆرگەن، لەپىلدەپ يېغىۋاتقان ئاپپاق قاردەك يېنىك ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئۇسسۇلچىلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. شۇ، شۇ بولدىدە، ئادالەتنىڭ قەلبىگە ئۇسسۇل ئىشتىياقى ئورناپ، ئەينە شۇ ئاققۇشلارغا قىياس قىلىپ ئۇسسۇل ئويناش ئارزۇسى تۇغۇلغانىدى. ئادالەتنىڭ شۇ ئارزۇسى كېلەركى يىلى ئۇنى ھەدىلىرىنىڭ يېنىغا ئوقۇشقا ئېلىپ كەلدى.

قىزنىڭ باشقا، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ روياپقا چىقىشى تىرىشچانلىق بىلەن ئىزدىنىپ ئوقۇشىنى، زېرىكمەي تۇراقلىق مەشغۇلات ئۆتكۈزۈشنى، تەلەپ قىلاتتى. شۇڭلاشقا ئادالەت ئۆز مەقسىتىگە يېتىش يولىدا شۇ شەرتلەرنىڭ ھەر ئىككىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلدى. كۈندىلىك نەزەرىيەۋى بىلىمنى ئەمەلىيەتتە ئۆيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇ بەزەن پۇت-قولىدا جان قالمىغىچە قارا تەرگە چۆشۈپ، مەشقلىنىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. ئۇستازى ئالىسا گابىتوۋامۇ شاگىرتلىرىغا قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ بىرەر ھەرىكىتى كۆڭۈلدىكىدەك چىقمىغىچە ئارام بەرمەيتتى.

ئايلار، يىللار بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى. ئاقىۋەت ئادالەتمۇ كەسپىي ئۇسسۇلچى دىپلومىنى ئېلىپ، جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر تىياترىغا ئىشقا قوبۇل قىلىندى. بۇ 1968-يىلى ئىدى، ئۇ چاغدا تىياتردا ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇلىنىڭ ماھىرلىرى خالىدەم جەلىلوۋا، ياشلار ۋە ستۇدېنتلارنىڭ موسكۋادا ئۆتكەن ئالتىنچى دۇنيا يۈزلۈك فېستىۋالىنىڭ لائورىياتى ئامىنەم يۈسۈپوۋا، ھاۋاخان ئەزىزوۋا، رىھانگۈل رازىيېۋالار ئىشلەتتى. ئادالەت شۇ پېشقەدەملەرنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلاردىنمۇ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ نازۇك سىرلىرىنى ئۆگەندى، نەتىجىدە ئۇ تېز ئارىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۇسسۇلچى بولۇپ تونۇلدى.

ئا. ئەكبەروۋانى تاماشىبىنلار ئالقىشىغا ئىگە قىلغان دەسلەپكى ئورۇنلىغان ئۇسسۇللىرىنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئامىنە يۈسۈپوۋانىڭ ئۇستازلىق قىلىشى ۋە سەھنىگە قويۇشىدا «ياشلىق» ئۇسسۇلىنى ئورۇنلىغانلىقى بولدى. ئۇنىڭ مۇزىكىسى ئۇلار مەخسۇس بۇيرۇتما بىلەن بەستىكار سازەندە غوپۇرجان ئاكا قادىرھاجىيېۋقا يازدۇرغان ئىدى.

سەھنىدە ياشلىق لەززىتىگە چۆمگەن ئال چۈۋىقتەك ياش قىز، ئۇ بىردە تاغ-جىرالاردىن ئۇركەشلىنىپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تاغ سۈيىدەك ھەر يان تولغىنىدۇ، بىردە مەيىن باھار شامىلىدەك جىلۋە قىلىدۇ. ئۇمۇمەن، ئۇسسۇلدا ئىپادىلىنىۋاتقان ياشلىق دەملىرى دىللارغا شېرىن تۇيغۇلار بېغىشلايدۇ. ياش ئۇسسۇلچى ماھارىتى بىلەن شۇندىلا ئۆزىنىڭ تالانتىنى نامايىش قىلىش ئىمكانىيەتلىرىغا ئىگە بولالىغان.

ئادالەت ئەكبەروۋانىڭ ئۇسسۇلىنىڭ ئۇسلۇبى ئېنىق ۋە روشەن. رىتىمچانلىغى كۈچلۈك، ئەۋرىشىم، لاتاپەتلىك ۋە نەپىس. ئۇنىڭدا ھىسسىيات ئۇچۇق ۋە ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئاساسلىق نەزەرىيەۋى بىلىمگە ئىگە بولغاشقا شوخ ئۇسسۇللارنىمۇ، كلاسسىك ئۇسسۇللارنىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە ئىجرا قىلىدۇ. ئۇ ھەر بىر ئۇسسۇلغا ۋۇرەك ھارارىتى، قەلبىنى قوشۇپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ئوينايدۇ. ئاخشا مەزمۇنىغا قاراپ ھەرىكەت قىلىشلىرى تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋاتىدۇ.

سەنئەتكارنىڭ رېپېرتۇئارىدىن ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىدىن باشقا قازاق، ئۆزبەك، تاجىك، تۈركمەن، رۇس، ھىندى، ئەرەپ، ئافغان ۋە باشقىمۇ مىللەتلەرنىڭ ئۇسسۇللىرى كۆپلەپ ئورۇن ئالغان. ئۇ چارەك ئەسىرلىك ئىش جەريانىدا كۆپلىگەن مەملىكەتلەردە بولۇپ، ئۆز ماھارىتىنى نامايىش قىلدى.

ئۇ سەمەرقەنت شەھىرىدە ئۆتكەن مۇقامچىلارنىڭ خەلق ئارا سىمپوزىئۇمىغا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر لىرىك ۋە كلاسسىك ئۇسسۇللىرىنىڭ ماھىر ئىجراچىسى ئىكەنلىكى بىلەن تونۇلدى. شۇ قېتىمدا ئۆزبەكىستان رادىو ۋە تېلېۋىدېنىيەسىنىڭ پەخرىي گراموتىسى بىلەن تەقدىرلەندى. شۇنداقلا ئۇ «ناۋا» ئانسامبلى تەركىۋىدە ئافغانىستان، پاكىستان مەملىكەتلىرىدە بولۇپ، ئۇ يەرلەردىمۇ تاماشىبىنلارنىڭ چوڭ ئالقىشلىرىغا ئىگە بولالىدى.

ئۇنىڭ ھەر خىل جايلاردا قۇرۇلغان ئانسامبللارنىڭ ئىشىنى تەشكىللەشتۈرۈش، جانلاندۇرۇش، ئۇلاردىكى ياش تالانتلارنى تەربىيلەش يۈزىسىدىن ئاتقۇرغان ئىشلىرىمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر. پانفىلوۋ ناھىيەسىنىڭ «بىرلىك» كولخوزىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇل ئانسامبلىنىڭ ئىشىنى يۈكسەلدۈرۈشتە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى شۇنىڭ بىر مىسالىدۇر.

«سېھىرلىق ئالما» ۋە «ئەژدىھا يىلى» بەدىي فىلىملىرىدا، «ئۇيغۇر ناخشىلىرى»، «ئادالەت ئەكبەروۋا ئۇسسۇل ئوينايدۇ» ۋە باشقىمۇ كىنو-فىلىملاردا ئاساسى ئۇسسۇل نومېرلىرىنى ئورۇنلىغان ئا. ئەكبەروۋا كىنو سەنئىتىدىمۇ ئۆز تالانتىنى كۆرسەتتى. ئېرىنمەي ئىزدىنىپ، مەشقلىنىشكە ئادەتلەنگەن ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى ھازىر ئۆز رېپېرتۇئارىنى بېيىتىش بىلەن ئۇيغۇر تىياتىرىدا ياشلارغا ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ نازۇك سىرلىرىنى ئۆگەتمەكتە.

ھېلىغىچە كۆڭلىدە ئاققۇشلارغا قىياس قىلىش ئىستىگىدە ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ سىرلىرىنى مۇكەممەل ئۆزلەشتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئادالەت ئەكبەروۋانىڭ كەلگۈسىدە يەنىمۇ ۋۇقۇرى پەرۋاز چوققىلىرىدىن كۆرۈنۈشىگە ئىشەنچىمىز كامىل.

ك. توختاخونوۋا.
ئالمۇتا شەھىرى.

پېنسونېرلارغا قوشۇمچە ئاخچا بېرىلىدۇ

قازاقىستان مىنىسترلار كابىنېتى «پېنسونېرلار ھاياتىنىڭ ماددىي شارائىتىنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قوللاپ-قۇۋۋەتلەش چارىلىرى توغرىلىق» توختام قوبۇل قىلدى.

ئىستېمال تاۋارلىرىغا ۋە خىزمەتلىرىگە بولغان باھالارنىڭ ئۆسۈشىنىڭ داۋاملىشىشىغا باغلىق مۇشۇ يىلنىڭ 1-ئۆكتەبىردىن باشلاپ، پېنسىيەلەرنى بۇنىڭدىن كېيىن ئۆستۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىچە، پېنسونېرلارنىڭ بارلىق كاتېگورىيەلىرىنىڭ پېنسىيەلىرىنى ھەر ئايدا قوشۇمچە ياردەم بىلەن تەمىنلەش قارار قىلىندى.

پېشى، ئاكالىغى، ئەمگەك قىلغان يىلى شۇنداقلا مۇددەتلىك ھەربىي خىزمەتچىلىرىنىڭ ئايلىغى بويىچە تولۇق ئەمگەك پېنسىيەلىرىنى ئېلىۋاتقان پېنسونېرلارغا ئون مىڭ سوم مىقدارىدا قوشۇمچە ئاخچا بېرىلىدۇ.

تولۇق ئەمەس ئەمگەك ستاژى بويىچە ئەمگەك پېنسىيەلىرىنى ۋە باققۇچىسىنى يوقاتقانلىغى بويىچە پېنسىيە ئېلىۋاتقانلار 7 مىڭ سوم ئالىدۇ. ئىجتىمائىي پېنسىيە بولسا 5600 سومنى تەشكىل قىلىدۇ.

بۇ ئاخچامىقدارى مىنىسترلار كابىنېتىنىڭ 1993-يىلى 12-ئىيۇلدىكى №591-«پېنسونېرلارنى ماددىي جەھەتتىن قوللاپ-قۇۋۋەتلەش بويىچە قوشۇمچە چارىلەر توغرىلىق» ۋە 1993-يىلى 30-ئاۋغۇستتىكى №745 «نان، نان مەھسۇلاتلىرى، تېرىق، يارما ۋە ئاھالىغا پىشىرىلگەن ناننىڭ ئورنىغا سېتىلىدىغان ئۇنىنىڭ باھالىرى توغرىلىق» توختاملىرىدا بەلگۈلەنگەن پېنسىيەلەرگە قوشۇمچە ھەق تۆلەشتىن سىرت تۆلىنىدۇ.

(قاز تاگ).